# ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ھاۋا ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ھاۋا ئارمىيەسى قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: بىز قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ ھاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېما كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. كۆرگەزمە «كۆك ئاسماندا سادىقلىقنى تاۋلاش» ۋە «يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئۇچۇش»تىن ئىبارەت ئىككى كۆرگەزمە رايونىغا بۆلۈنگەن، ھەر خىل تىپتىكى توققۇز ئايروپىلان، 1500دىن ئارتۇق سۈرەت، ماددىي بۇيۇم كۆرگەزمە قىلىنغان بولۇپ، خەلق ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ 70 يىللىق شانلىق تارىخى ۋە تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى قايتا نامايان قىلىنغان. ھەربىر پارچە سۈرەت كۆرگەزمە تاختىسى، ھەربىر ماددىي بۇيۇم مودېلى، ھەربىر كۆرۈنمە چاستوتا ماتېرىيالى شى جىنپىڭنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ ئارىلاپ قەدىمىنى توختىتىپ كۆرۈپ، چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى سورىدى.

قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ ھاۋا ئارمىيەسىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى شان ـ شەرەپنى قەدىرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، تېخىمۇ زور شان ـ شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خەلق ھاۋا ئارمىيەسى 70 يىللىق شانلىق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئەۋلادمۇئەۋلاد ھاۋا ئارمىيە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى قەلبىگە يۈكسەك ئىرادىنى پۈكۈپ، 10 مىڭ چاقىرىملىق ئالەم بوشلۇقىدا كۈرەش قىلىپ، ھاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلۇشىدا ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. خەلق ھاۋا ئارمىيەسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچلىك قوشۇنى بولۇشقا مۇناسىپ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق ھاۋا ئارمىيەسى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتا. يېڭى دەۋر پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ خەلق ھاۋا ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ھاۋا ئارمىيەسى قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىپ، يېڭى تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش كېرەك!

شۈ چىلياڭ، جاڭ يۇۋشيا، ۋېي فېڭخې، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن پائالىيەتكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەھەللە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىدىغان، ئاھالىلەر ۋە ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»لىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاشكارا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئىنكاسىغا جاۋاب قايتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسىنى ھەقىقىي دەل جايىدا تېپىپ، تىرىشىپ ئەڭ جىددىي، ئاممىا ئەڭ ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان تەخىرسىز مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش لازىم.

ئاھالە ئەكبەر قاھار، نىياز رىشىتنىڭ ئۆيىدە، چېن چۈەنگو كۆپچىلىك بىلەن يېقىن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ، تۇرمۇش ھەققىدە مۇڭداشتى، كىرىمنى سورىدى، يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىدى، كەلگۈسى ھەققىدە پىكىرلەشتى. چېن چۈەنگو ئۇلارنىڭ كۈنلىرىنىڭ بارغانسېرى باياشات ئۆتۈشىنى، ئائىلىسىنىڭ بارغانسېرى بەختلىك بولۇشىنى تىلىدى.

تۇرپان مېۋىچىلىك چەكلىك شىركىتىدە، چېن چۈەنگو كارخانا مەسئۇللىرى، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرى، دېھقان ۋاستىچىلەر، سېتىۋېلىش سودىگەرلىرى بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلىشىپ، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق خاس دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ۋە توردا سودىلىشىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئالاقە تورى+» زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، سۈپەتلىك ماركىنى زورايتىپ، ئەلالاشتۇرۇپ، بازارنى پائال ئېچىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تۇرپان شەھىرى يىماۋ ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتىدە، چېن چۈەنگو نەق مەيداندا ھاراق پىششىقلاش، پىرىسلاش، قاچىلاشنى ھەمدە كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋاللىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىش، ئىستېمالدىكى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىستىراھەت ساياھىتى يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو يەنە ئىدىقۇت رايونى خۇڭشىڭ تەۋەلىك رايونىنىڭ گېپى مەھەللىسىدىكى مەسچىتكە كېلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كەڭ دىنىي زاتلار ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىي سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، توغرا يولدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، توغرا ئېتىقاد قىلىپ، توغرا يولدا مېڭىپ، ھەر مىللەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلىشى كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنداق كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ياخشى تۇتۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك. 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى نۇقتىلىق ھالدا ئاساسىي قاتلامدا، ئاممىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قانات يايدۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكنى توغرا ئىگىلەپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئۆلچەيدىغان تۈپ ئۆلچەم قىلىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە، ئەمەلىيەتچىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىگە ئاتلىنىپ، مەسىلىنى كۆزلەپ تۈزىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىغا يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈملەرنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۈزلۈكسىز ياڭرىتىش، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى گەۋدىلىك قىيىن مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى ھەقىقىي كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ، ئاساسىنى پۇختىلاپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىدىغان، پارتىيەنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ سەپەرۋەر قىلىدىغان، ئىسلاھات، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغانغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ جۈڭجيۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

---

# 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو شىنجاڭ

# خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى باشلاندى

مۇخبىرىمىز شى شىن خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو شىنجاڭ خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى گۇاڭجوۋدا باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ليۇ دۇڭشېڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئەركىن تۇنىياز مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەتنىڭ مىنىستىر، كومىتېتلىرى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ ماركېتىڭ خىزمىتى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغان شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش، شىنجاڭ سىرتىدا سېتىشتىن ئىبارەت ئىككى تور بارغانسېرى زىچلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تۈركۈم ـ تۈركۈم خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچكىرى رايون بازارلىرىغا توشۇلۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ كۆپ خىللاشقان تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسى ۋە تەسىر كۈچىنى كۈچلۈك ئاشۇردى. شىنجاڭ كۆرگەزمىدىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەش ئىقتىدارى ۋە بازارنى ئېچىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈردى.

ليۇ دۇڭشېڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمىنىڭ باش تېمىسى تېخىمۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، كۆلىمى تېخىمۇ زور، مەزمۇنى تېخىمۇ مول، مەھسۇلاتلىرى تېخىمۇ سۈپەتلىك، مۇلازىمىتى تېخىمۇ مۇكەممەل، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، شىنجاڭ مېۋىچىلىكىنىڭ «ئالتۇن خەتلىك ماركىسى»نى ئورتاق يارىتىپ، بىر مەيدان ئېسىل مەھسۇلاتلار يىغىلغان، ئېسىل پائالىيەتلەر ئۈزۈلمەيدىغان كاتتا كۆرگەزمە بولىدۇ.

بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمىدە «گۈزەل شىنجاڭ· مېۋىلەر ھىدىغا تولغان» باش تېما قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مېۋە ـ چېۋىلىرى، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ساياھەت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق جەمئىي 50 تۈردىكى 700 خىل مەھسۇلات مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىندى ھەم تۇنجى قېتىم پۈتۈن مەملىكەتتىكى 18 ئۆلكە، شەھەرنىڭ خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەمدە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە قىلىندى. جۇڭگو شەھەر سودا تور نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش بىرلەشمىسى يەنە دۆلەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن سېتىۋېلىش سودىگەرلىرىنى نەق مەيدانغا كېلىپ كېڭىشىش، ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تەشكىللىدى.

---

# تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىلجىتىشتىكى بەش جەھەتتىكى تەدبىرىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىش ئىشەنچىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈردى، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان مەسئۇلىيىتى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىل، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە تەرىگە تايىنىپ، «دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان» تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياراتتى، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزىنى پۈتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ قۇرۇلۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بېكىنمە، يېرىم بېكىنمە ھالەتتىن ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىشكىچە بولغان ئۇلۇغ تارىخىي بۆرۈلۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنداق بىر مۇھىم ئەسكەرتىش بەردىكى: جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىمۇ جۇڭگوغا موھتاج. خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرغاندا، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ.» جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر يەر شارىۋى ئورتاق ئېچىۋېتىشنىڭ مۇھىم ئىلگىرى سۈرگۈچىسى، باشتىن ـ ئاخىر دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى مۇقىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى، باشتىن ـ ئاخىر ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا پۇرسىتىنى كېڭەيتىشىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چوڭ بازار، باشتىن ـ ئاخىر يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئىسلاھاتىنىڭ ئاكتىپ تۆھپە قوشقۇچىسى بولىدۇ.

بازارنى ئېچىۋېتىش ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىدۇ، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇلىدۇ، كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىق ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ ئېلان قىلغان بۇ بەش جەھەتتىكى تەدبىر جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدىغان تۈپ دۆلەت سىياسىتى، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەمەلىي تاللاش بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سودا ۋە سېلىنمىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغان، شەرق بىلەن غەرب قوش يۆنىلىشتە ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغان ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ھەرىكىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، جۇڭگونىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش قەدىمىنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش قەدىمىنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش قەدىمىنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يېقىندىلا 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدا قارار چىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشكە دائىر نۇرغۇن مۇھىم تەدبىرلەر بار. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش پەقەت داۋاملىشىدۇكى، ئاياغلاشمايدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى.

جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيانىڭ پۇرسىتى، ھەم ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەم دۇنياغا بەخت يارىتىش جۇڭگونىڭ سەمىمىي ئارزۇسى. جۇڭگو دۆلەت ئىچىدىكى ئىستېمالنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئۇلۇغ رولىنى كۈچەيتىپ، ئىمپورتنىڭ رولىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تىرەك بىلەن تەمىنلەپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىدۇ. جۇڭگو ئەركىن سودا سىناق رايونىنى دادىل سىناق قىلىش، دادىل بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا داۋاملىق ئىلھام بېرىپ، ئېچىۋېتىش يېڭى ئېگىزلىكى بەرپا قىلىدۇ، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتى، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتى، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق تۈرتكە بولىدۇ ھەم خۇاڭخې ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈپ، ئېچىۋېتىشنىڭ بىرلەشمە ھەرىكەت ئۈنۈم ئېففېكتىنى ئاشۇرىدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويۇۋاتقان گەۋدىلىك زىددىيەتلەرگە قارىتا، داۋاملىق تۈردە ئاچقۇچلۇق ھالقىلار ۋە مۇھىم ساھەلەردە ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىلىمنىڭ قىممىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغان مۇھىت يارىتىدۇ. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ زۆرۈر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى قوللايدۇ، تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەر بىلەن يۇقىرى ئۆلچەملىك ئەركىن سودا كېلىشىمى ئىمزالاشنى خالايدۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى قاتارلىق مېخانىزم ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولىدۇ. جۇڭگو ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوچۇق، يېشىل، پاك بولۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بولۇش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا ئېچىۋېتىش، يۈرۈشتۈرۈش دولقۇنى ئۆركەشلەپ ئىلگىرىلىمەكتە. دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقاندا، ئاندىن ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو، تەرەققىي قىلغان جۇڭگو جەزمەن دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا يېڭى تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**